# ياشاش مۇھىتى ئادەم چىرايىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلامدۇ؟

بىلىمخۇمار
2015 - يىلى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

تور ئىسمى «BizUchun» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئىنىمىز مېنىڭ باغداش مۇنبىرىدىكى بىر ماقالەمنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكى ئىنكاسنى يېزىپ قالدۇرۇپتۇ:

(نەقىل) ئەركىن ئاكا، مەن ئىزچىل بىر مەسىلىگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن: ياپونىيەدە ئوقۇپ ياپونىيەدە خىزمەت قىلغان ئۇيغۇرلاردا ئوتتاق ھالدا شەرقىي - ئاسىيادا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدىكەن. ياۋروپادا ئوقۇپ ۋە ياۋروپادا خىزمەت قىلىدىغانلاردا مىللىي چىراي ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا ياۋروپالىقلارنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكى ئىپادىلىنىدىكەن. دىيارىمىزدىكى خەنزۇچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان باللار بىلەن ئۇيغۇرچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان باللارنىڭ چىراي ئالاھىدىلىكىدە روشەن پەرق شەكىللىنىدىكەن. بىئولوگىيە مۇھىتنىڭ چىرايغا تەسىر كۆرسىتىشىنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟ مۇشۇ توغرىسىدا بىر ئىزدىنىپ باققان بولسىڭىز. بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك، دەپ قارايمەن. (نەقىل تۈگىدى)
http://bbs.bagdax.cn/thread-29516-1-1.html

بىز ئالىي مەكتەپكە كىرگەن يىلى، يەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن كېيىن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىش ئىشى باشلانغان 1978 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «مىن كاۋ خەن سىنىپلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان سىنىپلارنى تەسىس قىلدى. ھەمدە بۇ سىنىپلارغا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە خەنزۇچە مەكتەپلەردە ئوقۇغان ئاز - سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلدى. گەرچە بۇنداق سىنىپلاردا ئوخشىمىغان ئاز - سانلىق مىللەتلەرگە تەۋە ئوقۇغۇچىلار بار بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى يەنىلا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى . مانا شۇ چاغدىمۇ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «ئۇيغۇر سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مىن كاۋ خەن سىنىپلىرىدا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ چىرايى خەنزۇلارغا بەكرەك تارتىلىپ كېتىپتۇ»، دەيدىغان كۆزقاراشلار خېلى ئېغىر ئىدى. شۇڭلاشقا مەن «بىزۈچۈن» دېگەن ئىنىمىزنىڭ يۇقىرىدىكى ئىنكاسىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان قېرىنداشلارنىڭ خېلى كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، «تورلاردا بۇ ھەقتە قانداق ئىنگلىزچە ماتېرىياللار باردۇ؟» دەپ بىر ئاز ئىزدىنىپ باقتىم. ھەمدە ئېرىشكەن نەتىجەمگە ئۆزۈم ناھايىتى ھەيران قالدىم. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئالدى بىلەن مەن بۇ قېتىم تاپقان، يۇقىرىدىكى تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. ئاندىن مەن تاپالمىغان ئۇچۇرلار ھەققىدە ئۆزۈمنىڭ بەزى پەرەزلىرىنى بايان قىلىمەن.

## 1. ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ چىرايى ئۆز - ئارا يېقىنلىشىپ ماڭىدۇ

كۆپىنچىلىرىمىز «قارىمۇ - قارشى جىنسلىق كىشىلەر بىر - بىرىنى ئۆزىگە تارتىدۇ»، دېگەن ماقال - تەمسىلنى ئاڭلاپ باققان. ئەمەلىيەتتە بولسا ھەر بىر ئادەمنىڭ يۈرىكى ئاشۇ يۈرەكنىڭ ئىگىسىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر جىنسلىق ئادەمنى ئىستەيدىغان بولۇپ، بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ چىرايلىرىمۇ بىر - بىرىگە تارتىپ ماڭىدۇ [1].

مۇشۇ ھادىسىنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئامېرىكادىكى مىچىگان ئۇنىۋېرسىتېتى (University of Michigan) دىكى پسىخولوگىيەشۇناس روبېرت زاجونك (Robert Zajonc) مۇنداق بىر تەجرىبە ئېلىپ بارغان: ئۇ كۆپلىگەن ئەر - خوتۇنلارنىڭ يېڭى توي قىلغان ۋاقىتدا چۈشكەن رەسىملىرى بىلەن ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا 25 يىل بولغان ۋاقىتتىكى رەسىملىرىنى سېلىشتۇرۇپ ئانالىز قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇنداق بىر ئىشنى بايقىغان: ھېلىقى ئەر - خوتۇنلارنىڭ چىرايلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بىر - بىرىنىڭكىگە بارغانسېرى بەكرەك تارتىپ ماڭغان، ھەمدە بەكرەك بەختلىك ئۆتكەن بىر جۈپلەرنىڭ چىرايىنىڭ بىر - بىرىگە تارتىشىمۇ كۈچلۈكرەك بولغان.



**1 ـ رەسىم. چىرايى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەر ـ ئاياللارنىڭ مىساللىرى: ھولليۋۇد (Hollywood) كىنو ئارتىسلىرى.**

تەتقىقاتچىلار يۇقىرىقىدەك ھادىسىنىڭ سەۋەبىگە (1) يېمەكلىك، (2) مۇھىت ۋە (3) تويى ـ قىلىشتىن بۇرۇنلا مىجەز ـ خۇلقىنىڭ بىر ـ بىرىنىڭكىگە يېقىنلىشىپ كېتىشى قاتارلىقلارنى كۆرسەتكەن [2]. ئەمما يېمەكلىك بىلەن مۇھىتنىڭمۇ سەۋەب بولالايدىغانلىقى يەنە بىر قىسىم يېڭى تەجرىبىلەردە تولۇق ئىسپاتلاپ چىقىلمىغان.

تەتقىقاتچىلار ئەڭ كۈچلۈك دەرىجىدە جەزملەشتۈرگەن سەۋەب ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق (empathy) بولغان. تويى قىلغان ئەر ـ خوتۇنلاردا ئورتاقلىق كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار داۋاملىق بىر ـ بىرىنىڭ چىراي قىياپەتلىرىنى دوراپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ بىر ـ بىرىنىڭكىگە يېقىنلىشىپ ماڭىدۇ.

بۇ تەتقىقات نەتىجىسى بىزگە مۇنداق بىر ئىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ: ئەگەر سىز ئېرىڭىز ياكى ئايالىڭىز قېرىغاندا ئۇنىڭ چىرايى قانداق بىر قىياپەتكە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھازىرقى چىرايىغا قاراپ بېقىڭ. شۇنداقلا قېرىغاندا سىزنىڭ چىرايىڭىزنىڭ قانداق چىرايغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولسىڭىز، ئۆز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ چىرايىغا قاراپ بېقىڭ. بۇ ئەھۋال بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن ياخشى ئىش، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئۈچۈن يامان ئىش بولۇشى مۇمكىن.

## 2. يېڭى تىل ئادەم چىرايىنى ئۆزگەرتەمدۇ؟

مەن مەخسۇس مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توختالغان ماقالىلەردىن بىرەرنى تاپالمىدىم. ئەمما بىر كەسپىي ناخشىچى يازغان، ئادەم ئوخشىمىغان تىللاردا سۆزلىگەندە يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ ئوخشىمىغان قىسمىنى ئىشلىتىدىغانلىقى ھەققىدىكى بىر پارچە قىسقا ماقالىنى تاپتىم [3]. ئۇ ماقالىگە باشقا 10 دەك كىشىلەر ئاشۇ ناخشىچى كۆزەتكەن ئەھۋالغا قوشۇلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىنكاس يېزىپتۇ. يۈزدىكى مۇسكۇللار ئېڭەكتىن تارتىپ ئادەم تىلىغىچە كۆپلىگەن قىسىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇ ناخشىچىنىڭ دېيىشىچە ئوخشىمىغان تىللار ھەقىقەتەنمۇ ئادەم يۈزىدىكى ئوخشىمىغان مۇسكۇللارنى ئىشلىتىدىكەن.

ئەگەر بىر بالا ئانا تىلىدىن باشقا بىر يېڭى تىلنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر بىلەن داۋاملىق ئاشۇ يېڭى ئۆگەنگەن تىلدا سۆزلەشسە، ھەمدە شۇ سەۋەبتىن يۇزىدىكى يېڭى مۇسكۇللارنى ئىشلەتسە، ئۇنىڭ چىرايىدا تەدرىجى ھالدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى بىز ھەممىمىز قىياس قىلالايمىز. ئەمما، مەن يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، مەن بۇ ئىشنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالە تاپالمىدىم.

## 3. يېڭى تىل ئادەم مىجەزىنى ئۆزگەرتەمدۇ؟

دوكتۇر فرانكويىس گروسجىن (**Francois Grosjean**) شۋىتسارىيە **Neuchâtel** ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، ئۇ قوش تىللىق ئادەملەر ھەققىدە **4** پارچە كىتاب ۋە كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ بىر كىتابىنىڭ ئىسمى «ئىككى تىللىق ھايات» ئىكەن. ئۇ **2011**-يىلى «بۈگۈنكى پسىخولوگىيە» دېگەن تور بېتىنىڭ «قوش تىللىق بولۇپ ياشىغان ھايات» دېگەن سەھىپىسىدە ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە تىلنى ئۆزگەرتىشنىڭ مىجەزنى ئۆزگەرتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دىگەن **[4]**:

سىز ئۆزىڭىزنىڭ بىر يېقىن دوستىغا سۆزلىگەندە ئىشلەتكەن ئۇسۇل بىلەن باشقا مۇئامىلىلەرنى ئەسلەپ بېقىڭ. ئاندىن سىز ئوخشاش تىلدا بىر باشلىقىڭىزغا سۆزلىگەندە يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلىدە قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ. گەرچە بىز ئوخشاش بىر تىلنى ئىشلەتسەكمۇ، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزىمىزنىڭ ئىش-ھەرىكەت ئۇسۇلىنى، پوزىتسىيىمىزنى ۋە ھېسسىياتىمىزنى ئۆزگەرتىمىز.

مۇھىت، مەدەنىيەت ۋە ئۆز-ئارا سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەر بىر قوش-مەدەنىيەتلىك ۋە قوش-تىللىق ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسى، ھېسسىياتى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆزگەرتىدىغان بولۇپ، يېڭى تىلنىڭ ئۆزى ئۇ نەرسىلەرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىل بىلەن مىجەز ئوتتۇرىسىدا سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەتنى بار دەپ قىلمايدۇ.

## 4. تېپىلمىغان ئۇچۇر ۋە مېنىڭ ئۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىم

ئادەتتە مەن بىرەر ھالقىلىق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ئىنگلىزچە تور بەتلىرىنى ئىزدىسەم، ئاشۇ سۆز-ئىبارە ۋەكىللىك قىلىدىغان كەسپىي ساھەدە بىر قىسىم ئىلمىي ماقالە ياكى كىتابلارنى تاپالايتتىم. ئەمما بۇ قېتىم ماڭا ئۇنداق ماتېرىياللار چىقمىدى. يەنى مەن بۇ قېتىم يۇقىرىدىكى «بىزۇچۇن» دېگەن قېرىندىشىمىز سورىغان سوئالغا بىۋاستە جاۋاب بېرىدىغان ھېچ قانداق ئىلمىي ماتېرىيال تاپالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئىشقا بىر ئاز ھەيران قالدىم. ھەمدە نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر ئاز ئويلاندىم.

ئويلاپ باقسام، دۇنيادا بىر يەرلىك مىللەت زېمىنىغا يەنە بىر چوڭ مىللەت كىشىلىرى كۆچۈپ كېلىپ، ئۇ جايدىكى يەرلىك مىللەت كىشىلىرىنى ئاز سانلىق كىشىلەر ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىشلار ئانچە يوق ئىكەن. مەن ئويلاپ ئۆزىمىزدىن باشقا ئامېرىكىدىكى يەرلىك مىللەت ئىندىئانلىقلارنىلا ئېسىمگە ئالالىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن، بىر زېمىندا ياشايدىغان كىشىلەر ئاساسەن پەقەت ئىككى خىل مىللەتكىلا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يەرلىك مىللەت ئاز سانلىق مىللەت ئورنىغا چۈشۈپ قالغان ئەھۋال ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، بۇنداق ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭ چىرايىدا نېمە ئۆزگىرىش بولغانلىقىغا قىزىقىدىغانلارمۇ ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدۇم. بۇ مەن ئويلىغان بىرىنچى ئىش.

مەن ئويلىغان ئىككىنچى ئىش، ھازىر دۇنيادا ئىلمىي تەتقىقات جەھەتتە تەرەققىي تاپقان، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز زېمىنىدا ياشاۋاتقان، ۋە ئۆز زېمىنىدىكى چوڭ مىللەتلەر

بولۇپ، ئۇ زىمىنلارغا ئاز ساندىكى باشقا مىللەت كىشىلىرىنىڭ كۆچمەن بولۇپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەرلىك چوڭ مىللەت كىشىلىرىنىڭ چىرايلىرىدا بىرەر ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، ھازىر ئىلمىي تەتقىقات قوشۇنلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان چوڭ مىللەت تەتقىقاتچىلىرى ئۇچۇن ئوخشىمىغان مىللەت كىشىلىرىنىڭ بىللە ياشىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان چىراي ئۆزگىرىشى ھېچ قانداق بىر قىزىقىش تېمىسى بولالمىغان.

مەن ئويلىغان ئۈچىنچى ئىش، ئامېرىكىدىكى ئاز بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئادەملەردىكى چىراي ئۆزگىرىشى ھەققىدە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلار ئامېرىكىدىكى ئاساسەن ئاق تەنلىكلەر ياشايدىغان ئوتتۇرا رايون شتاتلىرىدا تۇرىدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار تەكشۈرەلەيدىغان ئىشلارنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن تار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش بىر خىل ئالاھىدە مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر تېپىشى ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس ئىكەن.

مەن بىر ئىنسانشۇناسلىق (anthropology) كەسپىنىڭ تەتقىقاتچىسى بولمىغاچقا، ھەمدە بىر قانچە داڭلىق كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ، «ياشاش مۇھىتى ئادەم چىرايىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلامدۇ؟» دېگەن تېما ئۈستىدە قاتتىق ئىزدىنىش ئىمكانىيىتى مەندە ھازىر يوق بولغاچقا، مەن يۇقىرىدا بايان قىلغان مەزمۇنلار مەزكۇر تېما ئۈستىدىكى مۇكەممەل بولمىغان ئۇچۇرلار بولۇپ، ئاشۇ ئۇچۇرلار ئاساسىدا بىرەر ئىلمىي يەكۈن چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا مەن قېرىنداشلاردىن بۇ نۇقتىنى ئەستىن چىقىرىپ قويماسلىقنى سورايمەن.

شۇنداقلا، مەن ئىنسانشۇناسلىق ياكى شۇنىڭ بىلەن يېقىن بىرەر كەسىپتە دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا « ياشاش مۇھىتى ئادەم چىرايىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلامدۇ؟» دېگەن تېمىنى تەۋسىيە قىلىمەن. مېنىڭچە بۇ تېما بىر ئىنتايىن ياخشى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى تېمىسى بولالايدۇ.

## پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:


[1] Why Do Couples Start to Look Like Each Other?
<http://www.livescience.com/8384-couples-start.html>

[2] Empathy Causes Facial Similarity Between Couples to Increase Over Time
<http://www.spring.org.uk/2007/07/facial-similarity-between-couples.php>

[3] Do Different Languages Use Different Facial Muscles?
http://blogs.voices.com/voxdaily/2010/03/different_languages_use_different_facial_muscles.html

[4] Change of Language, Change of Personality?
https://www.psychologytoday.com/blog/life-bilingual/201111/change-language-change-personality



بۇ ماقالىنى سىڭلىمىز دىلبەر خېمىت تەھرىرلىدى.

بۇ ماقالىنى ھېچكىمدىن سورىماي، مەنبەسىنى بەرگەن ئاساستا باشقا ھەر قانداق تورغا چىقارسىڭىز، ياكى ئېلكتابقا ئوخشاش باشقا ھەر قانداق شەكىلدە ئىشلەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بۇ ماقالە بارلىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ.